## ئۇيغۇر ئالاھىدە سوتى--- گۇۋاھلىق سۆزى

**ھەبىبۇللا ئەمەت --- UTFW2-033**

1. مېنىڭ ئىسمىم ھەبىبۇللا ئەمەت، 1974- يىلى 4- فېۋرال تۇغۇلغان. مېنىڭ ئادرىسىم شەرقىي تۈركىستانىنىڭ كۇچا ناھىيسى ئىشكلا رايونى كۆكمازار 2- مەھەللىسى 16 – كورپۇس

2. مېنىڭ ئائىلەمدىكىلەر تىرىقچىلىق ۋە سودا-سېتىق بىلەن ياشايدۇ. مەن 1994- يىلغىچە شەرقىي تۈركستاندا ياشىغان. 1992- يىلى مەن قەرشەر ۋىلايىتىنىڭ يەركەن ناھىيسىدە دىنىي مەكتەپتە ئوقۇدۇم.شۇنىڭ سەۋەبلىك يەركەن ساقچىلىرى مېنى 37 كۈن قاماپ قويۇپ، 500 يۈەن جەرىمانە قويدى. مەن ئۆز تۇرۇشلۇق يېرىمدىن پاسپورت ئالالمىغىنىم ئۈچۈن، پاسسپورت ئېلىش ئۈچۈن ئۈرۈمچىگە بېرىپ، ساقچىغا پارا بەردىم. 1994-يىلى 7-ئۆكتەبىر مەن پاكىستانغا باردىم،ھەم بىر يېرىم يىل ئېنگلىز تىلى ئۆگەندىم. كىيىن قاتارغا بېرىپ بىر يىل ئەرەب تىلى ئۆگەندىم. مەن يەنە سۈرىيە ۋە يەمەندە 2001- يىلغىچە ئوقۇدۇم. 2001- يىلى سىنتەبىردە، مەن جۇڭگونىڭ لەنجۇ شەھىرىدە ئۇقۇتقۇچىلىققا تەكلىپ قىلىندىم. شۇڭا بىۋاستە يەمەندىن لەنجۇغا بېردىم.

3. بىر ھەپتىدىن كىيىن، ئۈرۈمچى ساقچىلىرى لەنجۇغا كىلىپ مېنى تۇتتى ھەمدە ئۈرۈمچىگە ئېلىپ كەتتى. مېنى 91 كۈن سوراق قىلىپ قامىدى،ھەمدە مېنىڭ بىن لادىن بىلەن ئالاقەم بار دەپ ئەيىپلەشتى. ئەمما ئۇلار ھېچنىمىنى ئىسپاتلىيالمىغاندىن كىيىن، مېنى قويۇپ بەردى، مېنىڭ 1300 دوللىر ۋە 3000 يۈەن پۇلۇمنى مۇسادىرە قىلىشتى. بۇ جەرياندا ئاقسۇ ساقچىلىرىمۇ مېنى نەچچە قېتىم سوراق قىلدى، 2003- يىلى 18- مارت، ئۈرۈمچى دۆلەت ئامانلىق ئىدارىسىنىڭ ساقچىلىرى مېنى يەنە قولغا ئېلىپ، ئۇرۇپ 10 كۈنگىچە مېنى ئۇخلاتماي قىينىدى. بۇ سوراق 50 كۈنگە سوزۇلدى،كىيىن ئۇلار مېنىڭ تېرورىست ئىكەنلىكىمنى ئىسپاتلىيالماي، 64 كۈن بولغاندا قويۇپ بەردى.

4. -2005يىلى، مەن ئېنگلىزچە، ئەرەبچە، خىتايچە ۋە كومپيۇتىر پەنلىرى بويىچە تەربىيلەش كۇرسى ئاچتى. گەرچە مەكتەپ ھۆكۈمەتتە ئەنگە ئېلىنغان قانونلۇق مەكتەپ بولسىمۇ، ساقچىلار دائىم مەكتەپنى ئاختۇرۇپ تۇردى.

5. -2005يىلى 5- ئاۋغۇست كۈنى ئۈرۈمچى سايباغ رايونلۇق ساقچىلار مېنى يەنە قولغا ئېلىشتى، ھەمدە 31 كۈن قاماپ قويدى. مەن 5000 يۈەن رەنە تۆلىگەندىن كىيىن مېنى قويۇپ بېرىشتى، ئەمما يەنە 4 كندىن كىينلا مېنى يەنە قولغا ئېلىپ بىر ئاي قامىدى.

6. -2009يىلى مەن قەشقەرگە دوستۇمنىڭ ئوغلىنىڭ نەزىرىسىگە قاتناشقىلى باردىم. قەشقەر يۇپۇرغا ناھيىلىك ساقچىلار مېنى تېرورىست دەپ قارىلاپ قولغا ئالدى.مەن يەنە 2004 -يىلى كورلا ساقچىلىرى تەرىپىدىنمۇ قولغا ئېلىنغان ئىدىم.

7. بۇ جەرياندا يەنە نۇرغۇن قېتىملاپ ۋقىتلىق تۇتۇپ تۇرۇلغان ۋە سوراق قىلىنغان جەريانلىرىم بار. ئۇلار دائىم پۇل تەلەپ قىلاتتى،مەن پۇل تۆلەپ قويۇپ بېرىلەتتىم. ئەڭ ئاخىرقى قېتىم قەشقەر ساقچىلىرى مېنى سولىدى.

8. 2010-يىلى، ساقچىلار مېنى توختىماي سوراق قىلىۋەرگەنلىكى ئۈچۈن، شەرقي تۈركىستاندا ياشاش ئىمكانىيىتىم قالمىغانلىقى ئۈچۈن چەتئەلگە چىقىپ كەتتىم. شۇ چاغدا پاسپورت ئېلىش ئۈچۈن،ساقچىلارغا زور مىقداردا پۇل پارا بەردىم.2010- يىلى سۈرىيەگە باردىم، ھەم ئۇ يەردە 2012- يىلغىچە تۇرغاندىن كيىن، تۈركىيەگە باردىم.ھازىر مەن تۈركىيەدە ئۇيغۇر باللارغا ئۇيغۇر تىلى ۋە باشقا تۈرلەردە دەرس بېرىمەن.

9. مېنىڭ ئائىلەم بىلەن بولغان ئالاقەم 2016- يىلدىن باشلاپ ئۈزۈلۈپ قالدى. مەن باشقىلاردىن مېنىڭ 1993- يىلى تۇغۇلغان ئىنىم زەكارىيا ئەمەتنىڭ ئۆزى ئېچىۋاتقان رېستۇران ئىچىدە ناماز ئوقىغانلىقى ئۈچۈن، 7 يىل كىسىلىپ كەتكەنلىكىنى ئۇقتۇم.كيىن يەنە باشقىلاردىن كۇچا پارتىيە سېكرىتارى ئۇنىڭ مېنىڭ ئىنىم ئىكەنلىكىنى بىلىپ قالغاندىن كيىن، ئۇنىڭغا يەنە 10 يىل ئارتۇق جازا مۇددىتى قوشقانلىقىنى بىلدىم.

10. مەن يەنە مېنىڭ 1969- يىلى تۇغۇلغان ھەدەم رۇقىيە ئەمەتنىڭ جازا لاگىرىغا قامالغانلىقىنى بىلدىم.ئۇنىڭ يولدىشى نۇركەنجىمۇ لاگىرغا قاملىپ كىتىپتۇ. ئۇلار ئىلگىرى باي ناھىيىسى گۈلباغ رايونى 11- دادۈي 3- مەھەللىدە ئولتۇراتتى. مەن ئۇلار بىلەن بىۋاستە ئالاقىلىشالمىغانلىقىم ئۈچۈن، بۇ ئۇچۇرنىڭ چىنلىقىنى دەلىللىيەلمىدىم.

11. مەن ئۆلغان ئۇچۇرلارغا ئاساسلانغاندا، ھاجىرەم ئەمەت ۋە ھەبىبەم ئەمەت ۋە ئۇلارنىڭ يولداشلىرىمۇ جازا لاگىرىغا قاملىپ كەتكەن، ئەمما بۇ ئۇچۇرنىمۇ دەلىللىيەلمىدىم. مەن پەقەتلا ئۇلارنىڭ سولانغانلىق خەۋرىنى ئاڭلىدىم، ئەمما ئۇلارنىڭ تىرىك ياكى ئۆلۈكلىكىنى بىلمەيمەن. مەن يەنە مېنىڭ ئەڭ كىچىك سىڭلىمنىڭ قەشقەرلىق يولدىشى ئابدۇسالام ئابدۇراھماننىڭ 10 ياكى 11 يىل كىسىلىپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلىدىم،ئەمما نىمە سەۋەبتىن كىسىلگىنىنى بىلمەيمەن.

12. مەن ئاڭلىغان ۋاستىلىق ئۇچۇرلارغا ئاساسلانغاندا، مېنىڭ ئائىلەمدىكى 40~50 چە كىشلەرنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ قېرىنداشلىرىنىڭ لاگىردا ياكى كامپىدا ئىكەنلىكىنى ئاڭلىدىم. مەن 2016- يىلدىن باشلاپ ئالاقەم ئۈزۈلگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ تىرىك ۋەياكى ئۆلۈكلىنى بىلەلمىدىم.

**مەن بۇ گۇۋاھلىق سۆزۈمنى ئۇقۇپ ئۇنىڭ ئەينەن يېزىلغانلىقىغا چۈشەندىم ھەم مەزمۇنلىرىغا قوشۇلىمەن.مەن بۇ گۋاھلىق سۆزۈمنىڭ ئۇيغۇر ئالاھىدە سوتىنىڭ تور بىتىدە نەشىر قىلىنىغانلىقىنى ھەمدە ئاۋام كۆپچىلىككە ئاشكارە قىلىنىدىغانلىقىنى چۈشىنىمەن.**

**ئىمزا:**

**ۋاقىت:**